## 14040 ـ جىنازە نامىزى ئوقۇش پەرز كۇپايىدۇر

**سۇئال**

جىنازە نامىزى ئوقۇش ئەرلەرگىلا خاسمۇ ياكى بارلىق ئەر_ئايال مۇسۇلمانلارغا ئومۇمى پەرز بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالله تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

جىنازە نامىزى ئوقۇش پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى كىشىلەر ئوقۇسا قالغانلىرىدىن ساقىت بولىدۇ، ئەگەر ھېچ كىشى ئوقۇمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ھەممە مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ، بۇ ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس بەلكى ئەر_ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جىنازە نامىزى ئوقۇشى يولغا قويۇلغان، ئەرلەر ئۆچۈن بىۋاستە ناماز ئوقۇش ۋە جىنازىغا ئەگىشىش يولغا قويۇلغان، ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى چەكلەنگەن، بۇ توغرىدا ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز ئاياللار جىنازىغا ئەگىشىشتىن چەكلەنگەن لېكىن كەسكىن قىلىنمىغان... [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى»].

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى جىنازىغا ئەگىشىشتىن چەكلىگەن دېيىلگەن. [سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا كومىتېتى ].

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ "تۈرلۈك ماقالە ۋە پەتىۋالار مەجمۇئەسى 10-توم 50-بەتكىا قارالسۇن.

ئالله تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.